## 26799 ـ قىزىل رەڭلىك لەۋ گىرىمى ئىشلىتىش توغرىسىدا

### سوئال

پەقەت يولدىشىمنىڭ يېنىدا قىزىل رەڭلىك لەۋ گىرىمى ئىشلەتسەم بولامدۇ؟، بەزى كىشىلەر: قىزىل رەڭلىك لەۋ گىرىمىنىڭ تەركىبىدە چوشقا مېيى بار دەيدۇ، توغرىمۇ؟، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇنى ئىشلىتىشكە بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەسلىدە گۈزەللىك ۋە زىننەتلىنىش ئۈچۈن ئىستىمال قىلىنىدىغان نەرسىلەرنى قوللىنىش دۇرۇستۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُمْ مَا فِي الأَرْضِ جَمِيعا تەرجىمىسى: ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر(نىڭ پايدىلىنىشىڭلار)ئۈچۈن ياراتتى. [سۈرە بەقەرە 29-ئايەت].

بەزى ۋاقىتتا ئايال كىشىنىڭ ئېرى ئۈچۈن زىننەتلىنىشى ياخشى بولىدۇ، بۇ شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ئىشتۇر. يەنى چەكلەنگەن ئورۇنلاردا قىلماسلىق شەرتى بىلەن بولىدۇ، ئەگەر زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلىش توغرا بولمايدىغان كىشىلەر ۋە سورۇنلاردا زىنەتلىرىنى ئاشكارا قىلىش توغرا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك گۈزەللىك ۋە زىننەت ئۈچۈن قوللىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ تەركىبىدە چوشقا مايلىرىغا ئوخشاش ئىنسان بەدىنىگە زىيانلىق بولغان مەنئۈي جەھەتتىن پاكىزە بولمىغان ماددىلار بولماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئىنسان ئۆزىگە زىيانلىق بولغان ماددىلارنى ئىشلىتىشتىن چەكلىنىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۆزىگىمۇ ۋە ئۆزگىلەرگىمۇ زىيان يەتكۈزۈش توغرا بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "لەۋلىرىنى قىزىل سۇرۇخ بىلەن بوياش چەكلەنمەيدۇ، چۈنكى ئەسلىدە دۇرۇس بولغان نەرسىنىڭ چەكلىنىشى ئۈچۈن چوقۇم ئوچۇق دەلىل بولىشى كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ لەۋگە زىيانلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، ئۇنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭ نەملىك ۋە مايلىرىنى تازىلىۋېتىش كېرەك، چۈنكى بۇنداق ھالەتتە بۇنى ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ، ماڭا بىلدۈرۈلۈشىچە: بەزى ۋاقىتتا بۇ لەۋ گىرىمى ئىستىمال قىلغۇچىنىڭ لەۋلىرىنى يېرىۋېتىدىكەن، ئەگەر بەدەنگە زىيانلىق بولسا، بۇنى ئىشلىتىشمۇ چەكلىنىدۇ. [ئىسلام مۇنارى پەتۋاسى 3-توم 831-بەت].

دوكتۇر ۋەجىھ زەينىل ئابىدىين "ئىسلام ئېڭى" ژورنىلىغا يازغان ماقالىسىدە، ھازىر كەڭ تارقالغان ۋە خانىم-قىزلار كۆپ

ئىستىمال قىلىشقا بولىدىغان گىرىم بۇيۇملىرى سەۋەبىدىن نەتىجىلەنگەن زىيانلارنى بايان قىلىپ: "قىزىل لەۋ سۇرۇخى لەۋلىرىنى ئىششىتىپ، يۇمران تېرىلەرنى قۇرۇتۇپ يېرىۋېتىدۇ، چۈنكى ئۇ تېرىنىڭ لەۋنى ساقلايدىغان قەۋىتىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. [شەيخ ئابدۇللاھ پەۋزانىنىڭ"خانىم-قىزلارنىڭ زىننىتى" ناملىق ئەسىرى 51-بەتتىن نەقىل قىلىندى].

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئاياللار ھازىر بازارلاردا كەڭ تارقالغان گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ تەركىبىنى ۋە زىيانلىقمۇ ئەمەسمۇ بۇنى بىلىپ ئىلىش كىرەك.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.